قار لەيلىسى
كارتون قەلئەسى

چۆچەكلەر قەلئەسى

# بولكا دۆكىنىدىكى ھېكايە

يۇ ۋېنشېڭ ئەسەرلىرى



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

责任编辑：艾尼瓦·库迪力克
责任校对：古丽巴哈尔·托合塔木
装帧设计：热依汗古丽·依不拉音

童 话 城 堡

**面包店里的故事**(维吾尔文)

于文胜 著

---

新疆美术摄影出版社<br>新疆电子音像出版社 出 版

乌鲁木齐市西虹西路 36 号 邮政编码：830000

（出版物研发营销中心 电话：0991-7910393）

新疆新华书店发行 新疆新华华龙印务有限责任公司印刷

787 mm × 1092 mm 32 开 2.375 印张

2008 年 12 月第 1 版 2009 年 1 月第 1 次印刷

---

ISBN 978-7-80744-552-4 定价：6.50 元

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر قۇتلۇق
مەسئۇل كوررېكتورى: گۈلباھار توختەم
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: رەيھانگۈل ئىبراھىم

چۈچەكلەر قەلئەسى

# بولكا دۇكىنىدىكى ھېكايە


## ئاپتورى: يۇ ۋېنشېڭ


شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى نەشر قىلدى
ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى №36 پوچتا نومۇرى: 830000
( تارقىتىش بۆلۈم تېلېفونى: 7910393 ـ 0991 )
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ شىنخۇا خۇالۇڭ مەتبەئەچىلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 787mm × 1092mm 1/32 باسما تاۋىقى: 2.375
2008 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى 2009 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
ISBN 978-7-80744-552-4
باھاسى : 6.50 يۈەن

www.uyghurkitap.com





مەززىلىك بولكا دۇكىنىدا پىشۇرۇلغان
بولكا ھەم مەززىلىك، ھەم تەملىك بولۇپ،
يىراق ـ يېقىندىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى
بۇ يەرگە كېلىپ بولكا ئېلىشنى ياخشى كۆرد-
دىكەن، شۇڭلاشقا مەززىلىك بولكا دۇكىند-
نىڭ نامى يىراق ـ يېقىنغا تارقالغان ئىكەن.



شەھەر باشلىقىنىڭ ئۆيىدىن تۇغقان يوقلاپ كەلگەن بىر چاشقان شەھەر سىرتىدىكى ھەممە چاشقانغا مەززىلىك بولكا دۇكىنىنىڭ بولكىسىنىڭ شۇنداق مەززىلىك ھەم بەكلا تەملىكلىكىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



بىر سېرىق يوغان چاشقان شۆلگەيلىرىنى ئېقىتقان ھالدا: «مەن ھېچقاچان بۇنداق مەززىلىك بولكىنى يەپ باقمىغان» دەپتۇ. بۇ گەپلەرنى دەۋاتقان چېغىدا، ئۇ ئاغزىدىكى شۆلگەيلىرىنى ئالدى ـ كەينى بولۇپ ئون قېتىمچە سۈرتۈپتۇ.




ئوتتۇرا ياشتىكى بىر چاشقان شۆلگەيلىر-
نى ئېقىتقان ھالدا ناھايىتى ھاياجان بىلەن: «بۇ
ئادىل بولماپتۇ! بۇنداق تەملىك بولكىنى نېمىشقا
ئىنسانلارلا يەيدۇ؟ بىز كۆپچىلىك ھەممىمىز
بىللە ھۇزۇرلىنىشىمىز كېرەكتە!» دەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



«توغرا دېدىڭ!» دەپ يەنە بىر چاشقان دەرھال ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپتۇ ۋە كۆپچىلىككە: «بۇ دۇنيا ھەقىقەتەن ئادىل ئەمەسكەن، مەن يەر ياڭىقى يەپ زېرىكتىم، مەنمۇ بولكا يەيمەن» دەپتۇ.




«مەنمۇ يەيمەن! مەنمۇ يەيمەن! بىز ھەممىمىز يەيمىز!» چاشقانلار شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ ۋارقىراشقا باشلاپتۇ.

ئۇلارنىڭ ئاققان شۆلگەيلىرىدىن كىچىك ئېرىق ھاسىل بوپتۇ.

www.uyghurkitap.com



چاشقانلار شەھەر باشلىقىنىڭ ئۆيىدىن كەلگەن ھېلىقى چاشقاننىڭ يول باشچىلىقىدا، مەززىلىك بولكا دۆكىنىغا يۈرۈش قىپتۇ.



چاشقانلار بولكىلار ئارىسىدا يايراشقا باشلاپتۇ. ئۇلار بولكا قاچىلانغان ساندۇقنى چىشلەپ تېشىۋې-تىپتۇ، ھەمدە ھەر بىر بولكىنى بىرنەچچە يەردىن چىشلەپلا تاشلاپ قويۇپتۇ، بەزىلىرى بولكا ئۇستىگە تەرەت قىلىپ قويۇپتۇ. ئۇلار مۇشۇنداق قىلىش ئار-قىلىق ئىنسانلاردىن ئۆچ ئالماقچى بوپتۇ.

www.uyghurkitap.com



چاشقانلار ئەمدى بۇغداي، يەر ياڭىقى ۋە ئوت بىخلىرىنىڭ نەقەدەر تەمسىزلىكىنى ھېس قىپتۇ. بۇنداق مەززىلىك بولكىلارنى يەپ، ئۆزلىرىنى شۇنداق بەختلىك ھېس قىلىشىپتۇ.




چاشقانلار مەززىلىك بولكا دۇكىنىدا مېھمان بولغاندىن كېيىن، روزى ئۇستامنى پالاكەت بېسىپتۇ. بولكا ئالىدىغانلار بارغانسېرى ئازلاشقا باشلاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



«دەرھال ئامال تېپىپ بۇ يىرگىنچلىك ئەبلەخلەرنى كۆزدىن يوقىتىش كېرەك!» روزى ئۇستام ئاچچىقىدا، ئۇستەل ئۇستىگە مۇشتلاپتۇ.




روزى ئۇستامنىڭ ئايالى: «چاشقان دورىسى بىلەن ئۇلارنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرەيلى» دەپتۇ.

«ھۇ قاپاقباش، سەن بىلمەمسەن، يېمەكلىك دۇكىنىدا زەھەر ئىشلىتىشكە بولمايدۇ» دەپتۇ روزى ئۇستام.



روزى ئۇستامنىڭ قىزى لالە: «دادا، ئۇنداق بولسا مۇشۇكتىن بىرنى ئەكىلەيلى» دەپتۇ. تۇيۇق-سىز ئېيتىلغان بۇ بىر جۈملە سۆز روزى ئۇستامنى خۇش قىلىۋېتىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى




روزى ئۇستام: «ئۇنداق بولسا مەن هازىرلا بېرىپ مۇشۇكتىن بىرنى ئەكىلەي» دەپ ئىرغاڭشىپ كېتىپ قاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com




روزى ئۇستام بىر كۈن سەرپ قىلىپ، مۈشۈك ئەپەندىمنى باشلاپ كەپتۇ. بۇ بىر ئىنتايىن قاۋۇل كەلگەن قارا مۈشۈك ئىكەن.




مۈشۈك ئەپەندىم بىر كۈن ئىچىدىلا ئون چاشقاننى يەپ بولۇپ، يەنە يۈز چاشقاننى چىشلەپ ئۆلتۈرۈپتۇ. ئۇ چىشلەپ ئۆلتۈرگەن چاشقانلارنى ئىسكىلاتنىڭ بىر بۇلۇڭىغا دۆۋىلەپ قويۇپتۇ، ئۈچ كۈنگە قالمايلا، ئىسكىلات بىر توپ ئۆلۈك چاشقان بىلەن توشۇپ كېتىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى




پەقەت چاشقانچاق تولىلا مۈشۈكنىڭ قولىغا
چۈشمىگەن بولۇپ، ئۇ بارلىق چاشقانلار ئىچىدى-
كى بىردىنبىر هايات قالغان چاشقان ئىكەن.




چاشقانچاق تولى بەك قورقۇپ كەتكەچكە،
تاختاي ئاستىغا مۆكۈنۈۋېلىپ، چىقىشقا جۈرئەت
قىلالماپتۇ. ئۇنىڭ بىرەر چىشلەم بولكا يېمىگە-
نىگە ساق ئۈچ كۈن بولغان ئىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى




چاشقانچاق تولى تاختاينىڭ تۆشۈكىدىن ئاستا بېشىنى چىقىرىپتۇ. ئۇ ئۇخلاپ ياتقان يوغان قارا مۈشۈكنى كۆرۈپ، قورققىنىدىن تاختاي ئاستىغا دوملاپ چۈشۈپ كېتىپتۇ.




چاشقانچاق تولىنىڭ قورسىقى ئېچىپ، باشلىرى قېيىشقا باشلاپتۇ. ئۇ يەنە بىرقېتىم ئۆلۈم خەتىرىگە قارىماي، ئازراق بولكا ئوغرىلاپ يېيىش قارارىغا كەپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە، ئازراق بولكا بولسىمۇ مەيلىتى، دەپ ئويلاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىيىلتىنى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



چاشقانچاق تولى بېشىنى ئاستا چىقى-
رىپتۇ، قارا مۇشۇك بەدەنلىرىنى تۈگۈپ،
گۈلدۈرمامىدەك خورەك تارتىپ، شۇنداق
تاتلىق ئۇخلاۋاتقان ئىكەن.




چاشقانچاق تولى تۆشۈكتىن ئاستا ئۆملەپ چىقىپ، تېزلا ئۆزىدىن يىراق بولمىغان بىر بولكا ساندۇقىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپتۇ. ساندۇق ئاغزى ئوچۇق بولۇپ، چاشقانچاق تولى بىر سەكرەپلا ساندۇق ئىچىگە كىرىۋاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى





چاشقانچاق تولى بىر كىچىك قۇتىنى قۇچاقلىۋېلىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىنى يېيىشكە باشلاپتۇ.

كىچىك دوستلار، سىلەر قۇتا ئىچىگە قانداق نەرسە قاچىلانغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟ ئۇ بولسا روزى ئۇستام ئەمدىلا ئېلىپ كەلگەن ئېچىتقۇ ئىكەن.




تولی بىر خالتا ئىچىتقۇنى تېز سۈرئەت بىلەن يەپ بوپتۇ. ئۇ تويۇقسىز بەك ئۇسساپ كېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ تۇرۇبا ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، بىر مىنۇتچە توختىماي سۇ ئىچىپتۇ. تولى سۇنى ئىچىپ بولۇپ، يەنە دەرھاللا ساندۇق ئىچىگە كىرىۋاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى




كىچىك دوستلار! سىلەر نېمە بولغانلىقىنى تېپىپ بېقىڭلارچۇ؟ ئاجايىپ غەلىتە ئىشتىن بىرسى يۈز بېرىپتۇ. چاشقانچاق تولى بىردەمنىڭ ئىچىدە ئېسىلىپ ساندۇقنى ئېچىۋېتىپتۇ، يەنە ئۇزاققا قالـمايلا، ئۇ بولكا ساندۇقىغىمۇ پاتماپتۇ.




ئۇ تېز سۈرئەت بىلەن يوغىناپ، يوغان ئىتتەك بولۇپ قاپتۇ. سىلەر ئويلاپ بېقىڭلار، بۇ ھەقىقەتەن بىر غەلىتە ئەھۋال ئەمەسمۇ!؟

www.uyghurkitap.com



قارا مۇشۇك ئۇيقۇغا قېنىپ، بىرەر نەرسە يې-
مەكچى بوپتۇ. ئۇ كۆزىنى ئاچقاندىن كېيىن، ئالدىدا
تۇرغان يوغان چاشقاننى كۆرۈپ، قورققىنىدىن مياڭ-
لىغىنىچە سەكرەپ كېتىپتۇ. ھېچكىم ھېچقاچان
بۇنداق يوغان چاشقاننى كۆرۈپ باقمىغان ئىكەن.



چاشقانچاق تولى ھەقىقەتەن چوڭ چاشقانغا ئاي-
لانغان ئىدى. چاشقانچاق تولى مۈشۈكنىڭ قورققىنى-
دىن غال - غال تىترەپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىنتا-
يىن خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى




ئۇ كۆرەڭلىگەن هالدا، مۈشۈكنىڭ يېنىغا
بېرىپ، مۈشۈكنى بىرنى تېپىپتۇ. مۈشۈك قورققى-
نىدىن غال-غال تىترەپ، مىدىرلاشقا پېتىنالماپتۇ .



چاشقانچاق تولى بىر سەكرەپلا مۈشۈك-
نىڭ ئۈستىگە مىنىۋېلىپ: «نېمىدېگەن
يۇمشاق - هە! بەك يۇمشاقكەن» دەپتۇ. مۈشۈك
چاشقاننىڭ ئېغىرلىقىدىن نەپەس ئالالماي قاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى



روزى ئۇستام ئايالى بىلەن بولكا پىشۇرۇۋاتـ
قان ئىكەن. ئۇنىڭ ئايالى: «روزى، ئازراق ئىچىتقۇ
ئېلىپ كېلىڭ» دەپتۇ.



روزى ئۇستام ئىسكىلاتنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، بىر چوڭ كۆل رەڭ «ئىت» نىڭ مۇشۇككە مىنىۋېلىپ، ئۇس-تىدە ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇنىڭ ئىنتايىن ئاچچى-قى كەپتۇ-دە، بېرىپلا «ئىت» نى قاتتىق بىرنى تېپىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



چاشقانچاق تولى ئارقىسىغا شۇنداق قارىشىغا، روزى ئۇستام بۇ يوغان چاشقاننى كۆرۈپ، قورققىنىدىن، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپلا قېچىپتۇ. بۇنى كۆرگەن چاشقانچاق تولى تېخىمۇ كۆرەڭلەپ كېتىپتۇ.




روزى ئۇستام ئۆيىگە قايتىپ بېرىپ، كۆرگەن ئىشلارنى ئايالىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ، ئۇنىڭ ئايالىمۇ جىددىيلىشىپ كېتىپتۇ. قىزى لالە: «دادا، دەرھال ساقچىغا تېلېفون قىلايلى، بۇ ئىشنى ئۇلار كېلىپ بىر تەرەپ قىلسۇن» دەپتۇ.

www.uyghurkitap.com




ساقچى باشلىقى روزى ئۇستامغا: «مېنىڭچە سەن چاقچاق قىلىۋاتىسەن، جاھاندا نەدىمۇ ئۇنداق ئىش بولىدۇ. بىلىشىڭ كېرەك، بۇنداق چاقچاق قىلساڭ، تۆلەم تۆلەيسەن جۇمۇ!» دەپتۇ.



ساقچى ئىسكىلاتقا كەلگەندە، چاشقانچاق تولى بىر ساندۇق بولكىنى كۆتۈرۈۋېلىپ يەۋاتقان ئىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى چاشقاننىڭ ئالدىغا كېلىشكە جۈرئەت قىلالماپتۇ. قانداق قىلىش كېرەك؟ ساقچى باشلىقى: «ھېچكىمدە ئۇنى تۇتىدىغان يۈرەك يوقمۇ!؟» دەپتۇ.




بىر ساقچى باشلىقنىڭ قۇلىقىغا بىر نەرسىلەر-
نى دېگەندىن كېيىن، ئۇلار بېرىپ بىر يوغان يولۋاس-
نى باشلاپ كەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى



يولۋاس ئېتىلىپ بېرىپ، چاشقاننى تۇتۇۋاپ-
تۇ. ساقچى بېرىپ چاشقانچاق تولىغا كويزا ساپتۇ.





ساقچى چاشقانچاق تولىنى ماشىنىغا سېلىپ، ساقچىخانىغا ئېلىپ مېڭىپتۇ. روزى ئۇستام چاشقانچاق تولى ئۇستىدىن سوتقا ئەرز قىلماقچى بوپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



چاشقانچاق تولى سوتقا ئېلىپ بېرىلىپ-
تۇ، سوتچى سوت باشلانغانلىقىنى جاكارلاپتۇ.
غەلىتە شەھەردىكى ئاساسلىق ئەربابلار چاش-
قانچاق تولىنى ئەرز قىلىش دەۋاسىنى ئاڭلاش
ئۈچۈن كەپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە، شەھەر باش-
لىقى بىلەن ئۇنىڭ خانىمىمۇ بار ئىكەن.



جاۋابكار چاشقانچاق تولىنىڭ يېنىدا، ئىككى يوغان يولۋاس ئۇنى نارارەت قىلىپ تۇرۇپتۇ. ئەرز قىلغۇچى ئورنىدا روزى ئۇستام تۇرۇپتۇ.

www.uyghurkitap.com



«دوڭ!» سوتچى پۇتۇن كۈچى بىلەن قانۇن بولقىسىنى ئۈستەلگە ئۇرۇپ: «بۇ دەۋادىكى جاۋابكار بولسا چاشقانچاق تولى، ئەرز قىلغۇچى بولسا مەززىلىك بولكا دۇكىنىنىڭ خوجايىنى روزى ئۇستام» دەپتۇ.



روزى ئۇستام دەرھال بىر پارچە ئەرزنامىسىنى سوتچىغا سۇنۇپتۇ. سوتچى مۇنداق ئوقۇپتۇ: «جاۋابكار يوغان چاشقان تولى مۇشۇك ئەپەندىمنىڭ ئۇستىگە مىنىۋېلىپ، ئۇنى بېسىپ ئۆلتۈرۈپ قويغان، شۇڭلاشقا، ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بەرسە...».

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



«چاشقانچاق تولى، سەن جىنايىتىڭگە ئىقرارمۇ؟» دەپ سوراپتۇ سوتچى چاشقانچاق تولىدىن. چاشقانچاق تولى: «جىنايىتىمگە ئىقرار، لېكىن مەن مۇشۇك ئۇستىدىن ئەرز قىلىمەن، ئۇ مېنىڭ چاشقان دوستلىرىمنىڭ ھەممىسىنى يەۋەتتى» دەپتۇ.



«سىنىڭ قانداق پاكىتىڭ بار؟» سوراپتۇ سوتچى.

چاشقانچاق تولى: «ھېلىقى چاشقانلارنىڭ جەستى ھازىرمۇ مەززىلىك بولكا دۇكىنىنىڭ ئىسكىلاتىدا ياتىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

سوتچى ساقچىدىن بىرىنى ئىسپات ئەكېلىشكە ئەۋەتىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى




بىردەمدىن كېيىن بىر ساقچى كېلىپ سوت-
چىغا: «ئىسكىلاتتا ھەقىقەتەن بىر توپ چاشقان
جەسىتى بار ئىكەن» دەپتۇ.



سوتچى بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن، چاشقانچاق تولىنى «گۇناھسىز» دەپ ئېلان قىپتۇ.

www.uyghurkitap.com



روزى ئۇستام شۇئانلا ۋارقىراشقا باشلاپتۇ :
«سوتچى ئەپەندىم، ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىش كېرەك، نۇرغۇن بولكامنى بىكارغا يەمدۇ !؟» سوتچى روزى ئۇستامغا كۆزىنى ئالايتىپ: «ئاغزىڭنى يۇم! سەن ھازىر ئون يەشىك بولكىنى چاشقانغا بېرىسەن!» دەپ ھۆكۈم ئېلان قىپتۇ.



روزى ئۇستام ئاچچىقىدا قارشىلىق قىلماقـ
چى بولغاندا، ئۇنىڭ قىزى لالە سوتچىنىڭ ئالدىغا
كېلىپ: «سوتچى ئەپەندىم، دادام سىزگە ئون
يەشىك بولكا ئېلىپ كەلگەن، ھازىرلا ئۆيىڭىزگە
يەتكۈزۈپ بېرىدۇ» دەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى




سوتچى كۆزلىرىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ: «روزى ئەپەندىم، سەن نېمىشقا بۇرۇنراق دېمەيسەن، مەن بۇ ھۆكۈمنى قايتا ئويلاشمىسام بولماپتۇ» دەپتۇ ـ دە، ئارقىدىنلا كۆپچىلىككە: «ھازىر سوتىمىز ئاخىرقى ھۆكۈمنى ئېلان قىلىدۇ. چاشقانچاق تولىغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلسۇن ھەم دەرھال ئىجرا قىلىنسۇن!» دەپ جاكارلاپتۇ.



ئىككى يوغان يولۋاس چاشقانچاق تولىنى يالاپ ئېلىپ ماڭغان پەيتتە، شادلىق كىنو ستۇدىيىسىنىڭ رېژىسسورى سوتچىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، سوتچىغا يۈز تال تەڭگە بېرىپتۇ.



سوتچى دەرھال يەنە ھۆكۈم ئېلان قىلىپ:
«ھازىر سوتىمىز چاشقانچاق تولىنى ئۆلۈم جازا-
سىدىن كەچۈرۈم قىلىپ، ئۇنى گۇناھسىز دەپ
جاكارلايدۇ. بۈگۈندىن باشلاپ ئۇ بۇ رېژىسسورغا
تەۋە بولدى» دەپتۇ.




ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



چاشقانچاق تولى رېژىسسور بىلەن بىللە كۆ-
رەڭلىگەن هالدا كېتىپ قاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



رېژىسسور چاشقانچاق تولىنى كىنو چولپىنى قىلماقچى بوپتۇ. لوپا ئەينەك بىلەن چاشقانچاق تولىنى بەش ھەسسە چوڭايتىپتۇ، ئەمدى چاشقانچاق تولى خۆددى كالىدەك يوغان كۆرۈنۈپتۇ.



كالدەك چوڭلۇقتىكى بىر چاشقان مىڭلىغان ئائىلىلەرنىڭ تېلېۋىزور ئېكرانىدا كۆرۈنۈشكە باشلاپتۇ. رېژىسسور توختىماي سۆزلەشكە باشلاپتۇ: «تاماشىبىنلار، سىلەر كۆردۈڭلارمۇ؟ بۇ چاشقان بارغانچە يوغىناپ كېتىۋاتىدۇ.»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



رېژىسسور كۆرەڭلەپ سۆزلەۋاتقان چاغدا، چاشقان-
چاق تولى تېخىمۇ يوغىناپ كېتىپتۇ- دە، بىر قولى تې-
لېۋىزوردىن چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ
قۇيرۇقى بىلەن كاللىسىمۇ چىقىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ بەدىنى
تېلېۋىزورغا پاتماي قاپتۇ. ئۇ بىرلا كېرىلىشىگە، تېلې-
ۋىزور پارچە - پارچە بولۇپ كېتىپتۇ.




پۈتۈن شەھەردىكى توققۇز مىڭ توققۇز يۈز توقسان دانە تېلېۋىزوردىن كالىدىن يوغان توققۇز مىڭ توققۇز يۈز توقسان چاشقان سەكرەپ چىقىپتۇ.



كىشىلەر قورقىنىدىن يوتقانلىرىغا كىرىۋاپتۇ.
تېلېۋىزوردىن چىققان چاشقانلار بارلىق ئادەملەرنى يوت-
قىنىدىن تارتىپ چىقىپ، دېرىزىدىن تاشلىۋېتىپتۇ.

www.uyghurkitap.com



چاشقانلار كۈچىنىڭ يېتىشچە مۈشۈكلەرنى يې-
يىشكە باشلاپتۇ. بىر كۈن ئىچىدە، ئۇلار پۈتۈن شەھەردى-
كى بارلىق مۈشۈكلەرنى يەپ تۈگىتىپتۇ. پەقەت ئاسلان-
دىن بىرسىلا مەززىلىك بولكا دۇكىنىنىڭ تۇرخۇنىغا
مۆكۈنۈۋالغان بولۇپ، چاشقانلار ئۇنى تاپالماپتۇ. چاشقان-
لار ئىنتىقام ئالماقچى بوپتۇ، لېكىن ھېچكىم ئۇلارنىڭ
نېمە ئۈچۈن ئىنتىقام ئالىدىغانلىقىنى بىلمەيدىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



چاشقان سوتچىنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. سوتچى قورقـ
قىنىدىن ئاغزىدىن كۆپۈك ياندۇرۇشقا باشلاپتۇ.

سوتچى: «ئەگەر ساقچى سېنى ئەكەلمىگەن
بولسا، مەن ھەرگىزمۇ سېنى سوتلىمايتتىم!» دەپتۇ.



شۇنىڭ بىلەن چاشقانلار ساقچى باشلىقىنىڭ يېنى- غا بېرىپتۇ، ساقچى باشلىقى قورققىنىدىن لاغ - لاغ تىترەپ تۇرۇپ: «ئەگەر يولۋاس ياردەم قىلمىغان بولسا، مەن، مەن.....! سېنى تۇتۇشقا ھەرگىزمۇ جۈرئەت قىلال- مايتتىم» دەپتۇ.

www.uyghurkitap.com




شۇنىڭ بىلەن، چاشقانلار يولۋاسنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ. يولۋاس مەسئۇلىيىتىدىن قېچىشقا ئامالسىز قاپتۇ.




ئۇلار چوڭ بىر ماشىنىنى يولۋاسقا سۆرەتكۈ-
زۈپ، مەززىلىك بولكا دۇكىنىغا قاراپ يول ئاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





چاشقانلار روزى ئۇستامنىڭ بارلىق بولكىلىرىنى يەپ تۈگىتىپ، ئاچچىقىنى چىقىرىپتۇ ۋە ئاخىردا بولكا دۇكىنىنى ئۆرۈۋېتىپتۇ.



چاشقانلار ماشىنىنى يولۋاسقا سۆرىتىپ، شەھەر ئىچىنى ئايلىنىشقا باشلاپتۇ ۋە پۈتۈن شەھەرنى ئىگىلە-ۋاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى




ئاسلانچاق تۇرخۇن ئىچىدە، ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز مۆكۈنۈپ تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ قورسىقى ئېچىپ ھالى قالماپتۇ. ئاخىر، ئۇ تەۋەككۈل قىلىپ، تۇرخۇندىن چىقىپ ئازراق نەرسە يېمەكچى بوپتۇ.



ئاسلانچاق ئەسكى تاملىقنىڭ يېنىدا، بىر ئەسكى يەشىكنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ، ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر نەچچە خالتا چىقىپتۇ. ئاسلانچاق يۈگۈرۈپ بېرىپ، بىر قېتىمدىلا بەش خالتا يەۋېتىپتۇ. ئەسلىدە ئاسلانچاق ئېچىتقۇ يەۋالغان ئىكەن.

www.uyghurkitap.com



ئاسلانچاق ئۆزىنىڭ ئىنتايىن ئۇسسىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، تۇرۇبا يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، توختىماي بەش مىنۇتچە سۇ ئىچىپتۇ.



كىچىك دوستلار، قاراڭلار، مېنىڭچە، سىلەر چوقۇم تاپتىڭلار! ئاسلانچاق توختىماي يوغىناشقا باشلاپتۇ، ئۇ بىردەمدىلا يوغىناپ، پىلدەك يوغان جانىۋارغا ئايلىنىپ قاپتۇ.

www.uyghurkitap.com



يولۋاس چاشقانلارنى سۆرەپ يۈرگەندە، چاشقانلار توساتتىن ئۆزىدىن ئەللىك ھەسسە چوڭ بۇ مۈشۈك- نى كۆرۈپ قاپتۇ-دە، قورققىنىدىن تەرەپ - تەرەپكە قېچىشقا باشلاپتۇ.



يوغان مۈشۈك بىر قېتىمدىلا بىر يوغان چاشقاننى يەۋېتىپتۇ. بىر كۈن ئىچىدە، يوغان مۈشۈك چاشقانلارنىڭ بىرسىنىمۇ قالدۇرماي ھەممىسىنى چىشلەپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. ئۇ چىشلەپ ئۆلتۈرگەن چاشقانلارنى چوڭ مەيدانغا ئېسىپ، ئۇلاردىن قۇرۇتۇلغان گۆش تەييارلاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



شەھەر ئىچى يەنە ئەسلىي ھالىتىگە قايتىپتۇ. روزى ئۇستام بولكا دۇكىنىنى قايتىدىن سېلىپ، خېرىدارلار ياقتۇرۇپ يەيدىغان بولكىسىنى پىشۇرۇشقا باشلاپتۇ.